سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

# ئىنقىلابىيلاشقان، زامانىۋىلاشقان، مۇنتىزىملاشقان دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيەسى قۇرۇش

يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللىرى

1955 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسىنىڭ ئۇنۋان بېرىش، ئوردېن بېرىش مۇراسىمى بېيجىڭ جۇڭنەنخەيدىكى خۇەيرېنتاڭ زالىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ھەربىي ئۇنۋان تۈزۈمىنى رەسمىي يولغا قويدى.

9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، رەئىس ماۋ زېدۇڭ يۈەنشۇەي ھەربىي ئۇنۋانى بېرىش بۇيرۇقنامىسىنى تەرتىپ بويىچە جۇ دې، پېڭ دېخۇەي قاتارلىق ئۇرۇش تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك جاڭگىلارغا بەردى. ئارقىدىن، ماۋ زېدۇڭ يەنە بىرىنچى دەرىجىلىك 1 ـ ئاۋغۇست ئوردېنى، بىرىنچى دەرىجىلىك مۇستەقىللىق ـ ئەركىنلىك ئوردېنى، بىرىنچى دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا خەلق ئىنقىلابىي ئۇرۇشىنىڭ ھەرقايسى مەزگىللىرىدىكى تۆھپىكار خادىملارغا بەردى. شۇ كۈنى، گوۋۇيۈەنمۇ جياڭگۈەن ھەربىي ئۇنۋانى بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، جوۋ ئېنلەي داجياڭلىق، شاڭجياڭلىق، جۇڭجياڭلىق، شاۋجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىش بۇيرۇقنامىسىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سۇ يۇ قاتارلىق بېيجىڭدىكى جياڭگۈەنلەرگە بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەرقايسى چوڭ ھەربىي رايونلارمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۇنۋان بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

1949 ـ يىلىلا ماۋ زېدۇڭ مۇنداق جاكارلىغان: «باتۇرلۇق بىلەن سىناقتىن ئۆتكەن خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ئاساسىدا، بىزنىڭ خەلق قوراللىق كۈچىمىز جەزمەن ساقلاپ قېلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى كېرەك. بىزنىڭ بىر قۇدرەتلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيەمىز بولۇپلا قالماي، يەنە بىر قۇدرەتلىك ھاۋا ئارمىيەمىز ۋە بىر قۇدرەتلىك دېڭىز ئارمىيەمىز بولۇشى كېرەك.» 1949 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، ھاۋا ئارمىيەسى رەھبەرلىك ئورگىنى رەسمىي قۇرۇلدى؛ كېيىنكى يىلى 4 ـ ئايدا يەنە دېڭىز ئارمىيەسى رەھبەرلىك ئورگىنى قۇرۇلدى. ھاۋا ئارمىيەسى، دېڭىز ئارمىيەسى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئارمىيە تۈرىگە رەسمىي ئايلاندى. 1950 ـ يىلى، توپچى قىسىم، بىرونېۋىك قىسمى، قۇرۇلۇش قىسمى، ھاۋا مۇداپىئە قىسمى، جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرىنىڭ رەھبەرلىك ئورگانلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە تۆمۈريول قىسمىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى قۇرۇلدى.

بىرنەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق، ھاۋا ئارمىيەسىدە ئاۋىياتسىيە ئەسكەرلەر شىسى ۋە باشقا ۋەزىپە ئۆتىگۈچى قىسىملار قۇرۇلدى، دېڭىز ئارمىيەسىدە سۇ ئۈستى پاراخوتى ۋە ئاۋىياتسىيە قىسمى قۇرۇلدى، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىدىكى ھەرقايسى تېخنىكىلىق قىسىم تۈرلىرىمۇ بەلگىلىك كۆلەمگە يەتتى. خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى بىرلا خىل قىسىم تۈردىن كۆپ خىل ئارمىيە تۈرى بىرىككەن ئارمىيەگە ئۆزگىرىشنى تاماملىدى. راكېتا ۋە رېئاكتىپ تېخنىكىسى، ئاتوم ئېنېرگىيەسى تېخنىكىسى قاتارلىق دۆلەت مۇداپىئەسىدىكى ئۆتكۈر يېڭى تېخنىكىلار تەتقىق قىلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ھەربىي ئىشلار شۆيۈەنى، ئارقا سەپ شۆيۈەنى، باش يۇقىرى دەرىجىلىك پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپى ۋە ھەربىي ئىشلار قۇرۇلۇش شۆيۈەنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى سىياسىي شۆيۈەنى قاتارلىق زامانىۋى ئۇرۇش قىلىش ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ماس كېلىدىغان تۈرلۈك مەكتەپلەر ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان مەكتەپ سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

شۇنىڭ بىلەن، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش، مۇنتىزىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# جۇڭچيۇغا مۇھەببەت جەم بولۇشتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەنت ئاھالىلىرى تۇغقانلاشقان كادىرلار بىلەن بەس ـ بەستە سۈرەتكە چۈشتى. «سۇ شىن ھەر قېتىم مەن بىلەن سۈرەتكە چۈشىدۇ» دېدى موللىنىياز توختى.

بىر پارچە سۈرەت نۇرغۇن ئەسلىمىنى خاتىرىلەيدۇ؛ بىر ئېغىز رەھمەت سۆزى ھەقىقىي مېھىر ـ مۇھەببەتنى يەتكۈزىدۇ.

«رەھمەت سىلەرگە، جاپا تارتتىڭلار.» ئاراتۇرۈك ناھىيەسىنىڭ نوم بازىرى ئىتتىپاق كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى سۈيي باۋ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىگە ئۇنلۈك رەھمەت ئېيتتى.

9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، نوم بازىرى ئىتتىپاق كەنتىدە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. كۆپچىلىك قىزغىنلىق بىلەن ھەمتۇرتكە ئويۇنى «مۇھەببەتنى ئۇنلۈك ئىپادىلەڭ»گە قاتناشتى، قوشماقلىشىپ تۇغقانلاشقان كادىرلار تۇغقانلىرى بىلەن ئۆزئارا تەسىراتىنى سۆزلەشتى، يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتىشتى.

سۈيي باۋ مۇنداق دېدى: «بۈگۈن بىز بىرلىكتە بايرام ئۆتكۈزدۇق، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەنمۇ كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلارغا بولغان مىننەتدارلىقىمنى ئۇنلۈك ئىپادىلىدىم. بۇ قېتىمقى جۇڭچيۇ بايرىمى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئۆتتى».

## ئىتتىپاقلىق مېھرىنى ئورتاق ئىزھار قىلىش

تەكتە ساپاق ـ ساپاق ئۈزۈملەر ساڭگىلاپ تۇراتتى؛ ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدىكى ئۈستەللەرگە مېۋە ـ چېۋە، يۆبلىك، پولۇلار تىزىلغانىدى. كۆلكە ساداسى ئىچىدە كىشىلەر بىر تەرەپتىن تاماق يېگەچ، بىر تەرەپتىن پاراڭلىشىۋاتاتتى.

9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، «شادىمان قىز» ناملىق ناخشا ـ ئۇسسۇل ساداسى ئىچىدە، «تيانشان ئېتىكىدە . ئانارگۈل ئېچىلدى — ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا جەم بولۇش ئۈستىدە پاراڭلىشىپ، ئىتتىپاق شەھەرنى قول تۇتۇشۇپ ئورتاق بەرپا قىلىش» مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تيانشان رايونى غالىبىيەت يولى تەۋەلىك رايوندا ئۆتكۈزۈلدى.

تيانشان رايونىدىكى كادىرلار ئۆزلىرىنىڭ قوشماقلاشقان تۇغقانلىرىنى تەكلىپ قىلدى، ئەتراپتىكى مەھەللىلەردىكى ھەر مىللەت ئاممىۋ ئۆزلۈكىدىن كېلىپ پائالىيەتكە قاتناشتى، 200دىن كۆپرەك ئادەم ئۇن نەچچە ئۇزۇن ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇردى.

ئۆزلىرى تەييارلىغان جەم بولۇش تورتى پائالىيەتنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى، قوشماقلاشقان تۇغقانلار بىرلىكتە تۇتۇش قىلىپ، تورت ئۈستىگە «ئىتتىپاقلىق» «جەم بولۇش» قاتارلىق خەتلەرنى يازدى. قوشماقلاشقان تۇغقىنى ياڭ ئەيمىن بىلەن بىرلىكتە تەييارلىغان تورتنى كۆتۈرگەن راھىلە ناسىر ناھايىتى خۇشال بولدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «جۇڭچيۇ جەم بولۇش بايرىمى، ھەر مىللەت ئاما بىرلىكتە جۇڭچيۇ بايرىمى ئۆتكۈزسە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولىدىكەن، بىزنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىمىز مۇشۇ تورتقا ئوخشاش تاتلىق!»

9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كەچتە، خوتەن ناھىيەسىنىڭ بۇزاق يېزىسى بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۆتكۈزدى، 400دىن ئارتۇق ياش ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى يېزىدىكى ئورگان، ھەرقايسى پونكىت ـ ئورۇنلاردىكى، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىدىكى ھەر مىللەت كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن بىر يەرگە خۇشال ـ خۇرام جەم بولۇپ، بايرامنى ئورتاق تەبرىكلەپ، كەلگۈسى ھەققىدە ئەركىن تەسەۋۋۇر قىلىشتى.

«خوتەننىڭ تەرەققىياتى ھەر مىللەت مۇنەۋۋەر كادىرلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ، خوتەندىن ئىبارەت بۇ مۇنبەت تۇپراققا ياشلىقىنى بېغىشلىدى». خوتەن ناھىيەسى بۇزاق يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى لۇ جېنپىڭ مۇنداق دېدى: «جۇڭچيۇ بايرىمىدا بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈشىمىز كۆپچىلىككە بايراملىق تىلەك تىلەش، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ھەمتۇرتكە بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈندۇر».

## قويۇق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت پۇرىقى

9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سەھەردە، ماناس ناھىيەسى ماناس بازىرىنىڭ فېڭچېڭ مەھەللىسى پائالىيەت ئۆيىدە، ماناس ناھىيەسىدىكى يېزا ئىگىلىك سىستېمىسىنىڭ ماناس بازىرىنىڭ فېڭچېڭ مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ئاھالىلەرگە جۇڭچيۇ بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

ئارقىدىن، تەۋەلىكتىكى ئاھالىلەر كىلاسسىك شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلدى، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش جەريانىدا قويۇق بايرام كەيپىياتىنى ھېس قىلدى.

«جۇڭچيۇ بايرىمىدا ئىتتىپاقلىقنى سۆزلەش» ھالقىسىدا، كۆپچىلىك ئۆزلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئەتراپىدا يۈزبەرگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئاھالە روشەنگۈل ئابدۇكېرىم ناھايىتى خۇشال ئىدى، چۈنكى ئۇ تۇغقىنى بىلەن بىللە جۇڭچيۇ بايرىمى پائالىيىتىگە قاتناشقانىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «جۇڭچيۇ بايرىمى بىزنىڭ ئورتاق بايرىمىمىز، تۇغقانلار، دوستلار بىلەن بىللە جۇڭچيۇ بايرىمىنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈپ، ئويۇن ئويناش، يۆبلىك يېيىش ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولىدىكەن».

9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، بورتالا شەھىرىنىڭ چىندېل كوچىسى شياڭخې مەھەللىسىدىن سىياھ ھىدى تارالدى، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاما خۇشال ھالدا بىر يەرگە جەم بولۇپ، «قەلەم ـ سىياھ ئارقىلىق جۇڭچيۇنى كۈتۈۋېلىش . قوشنا ـ قولۇملار بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش» پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

مەھەللە ئاھالىسى لو جۇڭكۈي چىرايلىق ھۆسنخەتلەرنى يېزىپ، كۆپچىلىككە تىلەك تىلىدى.

لو جۇڭكۈي يەنە ئاھالىلەرگە خەتتاتلىق بىلىملىرى ۋە خەت يېزىش ھالىتى قاتارلىقلارنى چۈشەندۈردى، ئاھالىلەر چۈشەندۈرۈشنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاچ بىر بىخۇا ـ بىر بىخۇادىن مەشىق قىلدى، بىر پېي ـ بىر نادىن مەشىق قىلىش جەريانىدا جۇڭخۇا ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدى.

«جۇڭچيۇ بايرىمىدا بىز بۇ يەرگە جەم بولۇپ، بىرلىكتە ئېسىل يېمەكلىكلەرگە ئېغىز تېگىپ، بىرلىكتە خەت تېپىشمىقى تېپىپ، ئويۇن ئويناپ، بىرلىكتە خەتتاتلىقنى ئۆگەندۇق، كۆڭۈللۈك ئويناپلا قالماستىن يەنە نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگەندۇق» ئاھالە ياڭ لەيپىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان جۇڭچيۇ بايرىملىق تىلەك سۆزىگە قاراپ خۇشال ھالدا شۇنداق دېدى.

**(مۇخبىرلىرىمىز رايىدە، پەرىزات، گې يوۋجۈن، جاڭ جىلى، جاۋ يۆ، سۇڭ ياۋېن، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز چېن لىڭ، جاۋ چۇڭلىڭ، ياڭ شىمىڭ** يازغان)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىدە بەلگىلەنگەن نىشان ـ ۋەزىپىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالقىلىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا جەزمەن تاماملىنىدىغان قاتتىق ۋەزىپە. جەزمەن سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ دەيدىغان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە مەن قىلمىسام كىم قىلىدۇ دەيدىغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، ھەقىقىي تۈردە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنى ئالغا سىلجىتىش تەلپىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، «1000 كەنتتە ئۈلگە كۆرسىتىش، 10 مىڭ كەنتنى تۈزەش»نى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، قاتلاممۇ قاتلام كۆرسەتكۈچنى ئۆستۈرۈۋەتمەي، ھويلا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئالتە ئىش» ۋە كەنتنى تازىلاش ھەرىكىتىدىكى «ئۈچنى تازىلاش، بىرنى ئۆزگەرتىش»نى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، كەنت قىياپىتىنىڭ پاكىز، رەتلىك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئەخلەتلەرنى مەركەزلىك يىغىپ يۆتكەپ بىر تەرەپ قىلىشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ئۈزاق ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش، قوغداش مېخانىزمى شەكىللەندۈرۈپ، «ئۈلگىلىك كەنت»نىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاش كېرەك. كەنتلەرنى كۆكەرتىش ۋە ئېتىز ـ ئورمانلارنى تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، بوران ئاپىتىگە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى سىجىل ياخشىلاش كېرەك. ئالدىن پىلانلاشتا چىڭ تۇرۇپ، رايون ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بىر ئەندىزە بويىچە ئىش قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، يەرلىك پۇراقنى ساقلاپ، يېزا ـ قىشلاق مەنزىرىسى سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. قۇرۇش بىلەن باشقۇرۇشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، كەنت دەرىجىلىك تەشكىلات ۋە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ سۇبيېكتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قۇرۇلغان تۈزەش قۇرۇلۇشى ئەسلىھەلىرىنىڭ ياخشى يۈرۈشۈشى، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئارزۇسىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، بىر تاياقتا ھەيدىمەي، دېھقانلارنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىدىن ئاشۇرۇۋەتمەي، يېزىلارنىڭ ھاجەتخانىلارنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى يۇقىرى سۈپەتتە ئالغا سىلجىتىش كېرەك. سۇ ئىشلىتىشكە ماس كەلسە سۇ ئىشلىتىش، سۇ ئىشلىتىشكە ماس كەلمىسە سۇ ئىشلەتمەسلىكتە، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاددىي، ئەمەلىي قوللىنىشچان، تەننەرخى مۇۋاپىق، تېخنىكىسى پىشىپ يېتىلگەن، ئاما خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان ھاجەتخانا ئۆزگەرتىش ئەندىزىسىنى تاللاش كېرەك. ھازىرقى باسقۇچتىكى «10 مىڭ كەنتنى تۈزەش» بويىچە ھاجەتخانا ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى ھاجەتخانا «بولۇش» مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئاساسلىقى قۇرغاق ھاجەتخانىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، «سۇ سىڭىشتىن ساقلىنىش، سېسىق پۇراقتىن ساقلىنىش، چىۋىندىن ساقلىنىش، ئەتراپى توسۇلغان بولۇش، چىراغ ئورنىتىلغان بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئۆلچەمنى خالىغانچە يۇقىرىلىتىۋېتىشكە بولمايدۇ. دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقىنى تولۇق قوزغاپ، ھاجەتخانىسىنى ئۆزى سېلىش، ئاسراش، باشقۇرۇشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، دىققەتنى گەۋدىلىك مەسىلىلەر ۋە كەمتۈكلۈك، ئاجىز تۈرلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكى، تەشكىلىي ئەۋزەللىكى ۋە ئاممىۋى خىزمەت ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈزەش ۋەزىپىسىنى ۋاقتىدا سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا تاماملاش كېرەك.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# جوۋ شىدى: پىرولېتارىياتنىڭ تەۋرەنمەس ئىنقىلابىي قوماندانى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خەيكوۋ، 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر جاۋ يىپېڭ)** جوۋ شىدى جياڭجۈن خاتىرە سارىيى ئۇنىڭ يۇرتى چيۇڭخەي شەھىرىدىكى كوكوسزارلىقتا جىمجىت قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، خەينەن ئۆلكىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بازىسى بولغان بۇ يەر دائىم پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەرقايسى رايونلاردىن كەلگەن ئېكسكۇرسىيەچىلەرنى كۈتۈۋالىدۇ. ئىككى كۆرگەزمە زالىدىكى مول ماتېرىيال ۋە سۈرەتلەردە جياڭجۈننىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە قاتناشقان ھەر قېتىملىق جۇڭگو ئىنقىلابىي ئۇرۇشلىرىدىكى شانلىق نەتىجىلىرى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئېكسكۇرسىيەگە كەلگەن پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار، شەھەر ئاھالىلىرى، ساياھەتچىلەر، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ.



جوۋ شىدىنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

جوۋ شىدى، 1900 ـ يىلى 9 ـ ئايدا خەينەن ئۆلكىسىنىڭ لېخۇي ناھىيەسى (بۈگۈنكى خەينەن ئۆلكىسىنىڭ چيۇڭخەي شەھىرى)نىڭ شىنچاڭ كەنتىدە بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، يەتتە يېشىدا كەنتتىدىكى خۇسۇسىي مەكتەپكە كىرگەن، 11 يېشىدا لېخۇي ناھىيەلىك ئالىي باشلانغۇچ مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن، 14 يېشىدا چيۇڭيا ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن. ئۇ ياشلىق چاغلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە پائال قاتناشقان. 1919 ـ يىلى 4 ـ ماي ھەرىكىتى پارتلىغاندىن كېيىن، چيۇڭيا ئوتتۇرا مەكتىپى قاتارلىق يەتتە مەكتەپتە چيۇڭيا 13 تەۋەلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى قۇرۇلغان، جوۋ شىدى ئىش بېجىرگۈچىلىككە سايلىنىپ، ۋاڭ ۋېنمىڭ، ياڭ شەنجى قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى رەھبەرلىرى بىلەن بىللە چيۇڭيا ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە قاتناشقان، رەھبەرلىك قىلغان.

1923 ـ يىلى ئەتىيازدا، جوۋ شىدى گۇاڭجوۋغا بېرىپ، كوممۇنىست شۇ چېڭجاڭ بىلەن تونۇشقان ھەم شۇ چېڭجاڭ قاتارلىقلار تەشەببۇس قىلىپ قۇرغان چيۇڭيا ئوبزورچىلار جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان. 1924 ـ يىلى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ 1 ـ قارارلىق سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن، شۇ يىلى 11 ـ ئايدا مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن، سۇن جۇڭشەننىڭ جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇش قۇرۇقلۇق ـ دېڭىز ئارمىيەسى دايۈەنشۇەي مەھكىمىسى بىرونېۋىك ئەترىتىنى تەشكىللەشكە قاتنىشىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ پىراكتىكانت كوماندىر، مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى، ئەترەت باشلىقى بولغان، گۇاڭنىڭ دېھقانلار ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىش، سودىگەرلەر قوراللىق تەشكىلاتى ۋە مىلىتارىستلار توپىلىڭىنى تىنچىتىش، گۇاڭجوۋ ـ شياڭگاڭ چوڭ ئىش تاشلاش ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىش، گۇاڭدۇڭ ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنى قوغداش قاتارلىق كۈرەشلەرگە قاتنىشىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى گۇاڭدۇڭ ـ گۇاڭشى رايونلۇق كومىتېتىنىڭ يۈكسەك تەرىپلىشىگە سازاۋەر بولغان. 1924 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

1925 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، جوۋ ئېنلەي بىرونېۋىك ئەترىتى كوماندىر ـ جەڭچىلىرىنى ئاساس قىلىپ، جاۋچىڭدا خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيەسىنىڭ 4 ـ جۈن مۇستەقىل تۇەننى تەشكىللىگەندە، جوۋ شىدى 1 ـ يىڭنىڭ يىڭجاڭى بولغان، كېيىن بۇ تۇەننىڭ سەنمۇجاڭى، مۇۋەققەت تۇەنجاڭى، تۇەنجاڭى بولۇپ، شىمالغا جازا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، يې تىڭ بىلەن بىللە تىڭسىچياۋ، خېشېڭچياۋ قاتارلىق ئۇرۇشلارغا قوماندانلىق قىلىپ، شىمالغا جازا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيەنىڭ مىلىتارىست ۋۇ پېيفۇنىڭ ئۇرۇشتا يېڭىلگەن قالدۇق قىسىملىرىنى خۇنەن، خۇبېيدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۇرۇشىدا ئاجايىپ تۆھپە كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ قوشۇنى قاتتىق جەڭلەرنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، كۆپ قېتىم ئاجايىپ تۆھپە يارىتىپ، «پولات ئارمىيە» دەپ ئاتالغان، كېيىن خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيەسى 25 ـ شىسى 73 ـ تۇەنگە ئۆزگەرتىلگەن، جوۋ شىدى تۇەنجاڭ بولغان.

1927 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سەھەردە، جوۋ شىدى گومىنداڭ ئارمىيەسى 25 ـ شىسىنىڭ شىجاڭى لى خەنخۈننىڭ جاڭ فاكۇيگە ئەگىشىش تەلىپىنى رەت قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى دۈشمەن ئالدىنقى سەپ كومىتېتىنىڭ قارارى بويىچە، 73 ـ تۇەننى باشلاپ نەنچاڭ قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇن 11 ـ جۈن 25 ـ شىسىنىڭ شىجاڭى بولغان. قوزغىلاڭچى قوشۇن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ گۇاڭدۇڭدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ شياڭگاڭ، نەنجىڭ، شاڭخەي، شىئەن، فۇجيەن قاتارلىق جايلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ، جياڭ جيېشىنى ئاغدۇرۇش ھەرىكىتىنى پىلانلاشقا قاتناشقان. 1933 ـ يىلى، جوۋ شىدى فۇجيەندىكى 19 ـ ئارمىيە تۇرۇشلۇق ئورۇنغا بېرىپ سەي تىڭكەيگە قىزىل ئارمىيە بىلەن ئالاقىلىشىش، جياڭ جيېشىغا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەن ھەم بۇيرۇق تاپشۇرۇۋېلىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي ئىنقىلابىي تايانچ بازىسى چېگراسىغا بېرىپ پەن خەنيەن، جاڭ يۈنيى قاتارلىقلارنى باشلاپ فۇجوۋغا بېرىپ 19 ـ ئارمىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، جوۋ شىدى 8 ـ ئارمىيە 120 ـ شىسىنىڭ سەنمۇجاڭى بولۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ داڭلىق چېنجۇاڭ ئۇرۇشى ۋە خۇاڭتۇلىڭ ئۇرۇشى قاتارلىق مۇھىم، زور ئۇرۇشلارغا قوماندانلىق قىلىشقا قاتناشقان. 1940 ـ يىلى كۈزدە، جوۋ شىدى ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ ئۈچ قېتىملىق «تازىلاش»نى تارمار قىلغان، كەينىدىنلا 100 تۇەن ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1942 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ماۋ زېدۇڭنىڭ «دۈشمەننى سىقىپ چىقىرىش» يوليورۇقىغا ئاساسەن، جوۋ شىدى قوراللىق خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەشنى ئوتتۇرىغا قويغان، قوراللىق خىزمەت ئەترىتى ئاساسىي قىسىم ۋە ئاممىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن، دۈشمەن تايانچ پونكىتىدىن 140تىن كۆپرەكىنى سىقىپ چىقىرىپ، ياپونىيە قورچاق ھاكىمىيىتىدىن 800دىن كۆپرەكىنى تارمار قىلىپ، 3000دىن ئارتۇق كەنتنى قايتۇرۇۋالغان.

ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، جوۋ شىدى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىمالىي شەنشى دالا ئارمىيەسىنىڭ سىلىڭيۈەنى، قوشۇمچە جېڭجۇېيۈەنى، شىمالىي جۇڭگو ھەربىي رايونى 1 ـ بىڭتۇەننىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى، قوشۇمچە مۇئاۋىن جېڭجۇېيۈەنى، 18 ـ بىڭتۇەننىڭ سىلىڭيۈەنى، قوشۇمچە جېڭجۇېيۈەنى بولۇپ، شۈ شياڭچيەننىڭ خىزمىتىگە ھەمكارلىشىپ، شىمالىي شەنشى، ئوتتۇرا شەنشى، تەيۈەن، فۇمېي، غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش قاتارلىق ئۇرۇشلارغا قوماندانلىق قىلىشقا قاتناشقان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جوۋ شىدى غەربىي جەنۇب ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ھاۋا مۇداپىئە قىسمىنىڭ سىلىڭيۈەنى، مەشىق باش نازارەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆجاڭى، قوشۇمچە ھەربىي دىن باشقىلارنى مەشقلەندۈرۈش بۆلۈمىنىڭ بۆجاڭى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، 1955 ـ يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ شاڭجياڭلىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلگەن، 1959 ـ يىلدىن كېيىن كېسەل سەۋەبىدىن ئەمەلىي ۋەزىپىدىكى خىزمەت ئۆتىمىگەن، 1979 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كېسەل سەۋەبىدىن بېيجىڭدا ۋاپات بولغان.

چيۇڭخەي شەھەرلىك پارتىيە تارىخى ئىشخانىسىنىڭ پېنسىيەگە چىققان مۇدىرى شۇ دېچاڭ مۇنداق دېدى: جوۋ شىدى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ مەشھۇر يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەر قېتىملىق جۇڭگو ئىنقىلابىي ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ، مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن، خەلق ئارمىيەسىنىڭ ئىنقىلابىيلىشىش، زامانىۋىلىشىش، مۇنتىزىملىشىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. ماۋ زېدۇڭ ئىلگىرى ئۇنى پىرولېتارىياتلىق، كوممۇنىزملىق قەتئىيلىككە ئىگە دەپ ماختىغانىدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)